سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# مىڭ بىر كېچە



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

## دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# مىڭ بىر كېچە

ئاپتورى: نامەلۇم [پارس]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيە كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قى-
لىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەر-
جىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** مىڭ بىر كېچە

**ئاپتورى:** نامەلۇم [پارس]

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيە كېرەم

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32

**باسما تاۋىقى:** 2.5

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8

**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

书　　名: 天方夜谭
作　　者: 无名氏 [古波斯]
翻　　译: 阿斯艳·克然木
责任编辑: 艾尼瓦·库迪力克
责任校对: 克尤木·吐尔逊
出　　版: 新疆喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址: 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编: 830000
发　　行: 新疆新华书店
印　　刷: 新疆八艺印刷厂
开　　本: 787mm×1092mm　1/32
印　　张: 2.5
版　　次: 2009 年 1 月第 1 版
印　　次: 2009 年 2 月第 1 次印刷
书　　号: ISBN 978-7-5373-1736-8
定　　价: 60.00 元 (全十册)



# كىرىش سۆز

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ بىرى خوتۇنىدىن گۇمانلىنىپ، يېڭى قانۇن بېكىتىپ، ھەر كۈنى بىر قىزنى خوتۇن قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. بۇ يېڭى قانۇن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن قىزلار ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ۋەزىرىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن، بۇ قىزلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پادىشاھقا خوتۇن بوپتۇ، شۇندىن كېيىن بۇ قىزلار ھەر كۈنى كېچىسى پادىشاھقا بىردىن قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ، پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھېكايىسىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەپتۇ، شۇنداق قىلىپ جەمئىي مىڭ بىر كېچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ مىڭ بىر كېچىدە سۆزلىگەن ھېكايىلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش نەتىجىسىدە «مىڭ بىر كېچە» بارلىققا كەلگەنىكەن.

«مىڭ بىر كېچە»گە توپلانغان ھېكايىلەرنى: (1) مەسەل، (2) لەتىپە، (3) ھېكايە، (4) پوۋېستتىن ئىبارەت تۆت ژانىرغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس ئەسەر بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنيادىكى ھەممە تىللارغا دېگۈدەك تەرجىمە قىلىندى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى



بۇ كىتابقا «مىڭ بىر كېچە»دىكى ئەڭ قىزىقارلىق، ئاـ دەمنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئۈچ پارچە ھېكايە كىرگۈزۈلـ دى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىـ لىقلارغا ئىگە. مەسىلەن، «سىرلىق چىراغ»نىڭ ۋەقەلىكىدىـ كى ئەگرى ـ توقاي، غەلىتىلىك، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقـ چى»دىكى ئەقىل ـ پاراسەت، «دېڭىز سەپىرى ھەققىدە ھېكايىـ لەر»دىكى باتۇرلۇق ئۆسمۈر دوستلارغا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىلھام بېرىدۇ.

فەن چۈەن
1997 ـ يىل 8 ـ ئاي





# مۇندەرىجە


سىرلىق چىراغ ........................................ 1

ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى .......................... 22

دېڭىز سەپىرى ھەققىدە ھېكايىلەر ...................... 41

تۇنجى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى .......................... 44

ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ...................... 48

ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 53

تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 57

بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ........................ 60

ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ...................... 65

يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ...................... 68




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



# سىرلىق چىراغ

## 1

شەرقتىكى چوڭ ھەم باي بىر شەھەردە مۇستاپا ئىسىملىك بىر نامرات ماشىنىچى ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئايالى ۋە بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئىسمى ئالاۋىدىن ئىكەن.

ئالاۋىدىن ئىنتايىن كەپسىز بولۇپ، ئۆيىدىكىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەي، كۈن بويى كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈيدىكەن. دادىسى ئۇنىڭغا ماشىنىچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇ ئىش بىلەن بەند بولغان ھامان بۇ بالا تۈيدۈرماي چىقىپ كېتىدىكەن، تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ كار قىلماپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، دادىسى ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئالاۋىدىن تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئەسكىلىشىپ كېتىپتۇ. ئالاۋىدىن15 ياشقا كىرگەن يىلى بىر كۈنى ياقا يۇرتلۇق بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئالاۋىدىننى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى يېنىغا چاقىرىپتۇ.





# مىڭ بىر كېچە



بۇ ئادەم ئافرىقىدىن كەلگەن سېھىرگەر ئىكەن. چۈنكى بالىنىڭ چىرايىدىن ئۆزى پايدىلىنىشقا بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈپ، بۇ بالا توغرىسىدىكى ھەممە ئىشلارنى ئۇقۇشۇپ بولغان ئىكەن.

ئالاۋىدىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭدىن:

— بالام، داداڭنىڭ ئېتى مۇستاپامۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق بوۋا، — دەپتۇ بالا، — لېكىن دادام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئافرىقىلىق سېھىرگەر ئالاۋىدىننى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇپ، يىغلىغاندەك تىترەك ئاۋازدا:

— مەن تاغاڭ (داداڭنىڭ ئىنىسى) بولىمەن، سېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدىم، چىرايىڭ ئاكامغا بەك ئوخشايدىكەن، — دەپتۇ ھەم ئۇنىڭغا نۇرغۇن تىللا ۋە كەمپۈت بېرىپتۇ. بالا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن بولۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ھېلىقى سېھىرگەر ئالاۋىدىننى يېزىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئويۇنپەرەس ئالاۋىدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى نۇرغۇن باغ ۋە قەسىرلەردىن ئۆتۈپتۇ، بۇ باغ ۋە قەسىرلەر ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، ئۇلار نۇرغۇن يول يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ يېنىدا ھاردۇق ئاپتۇ، ھېلىقى سېھىرگەر ئالاۋىدىنغا نۇرغۇن مېۋە ۋە پېچىنە بېرىپتۇ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ بولۇپ يولغا مېڭىۋېرىپتۇ، ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە سېھىرگەر:





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

— ئەمدى ماڭمايمىز، بۇ يەردە ساڭا ئاجايىپ نەرسىلەر-
نى كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەر قۇرۇق ئوت-چۆپلەرنى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپتۇ، ئاندىن بىر تۇتام كۇجىنى ئوتقا تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يەر يېرىلىپ، يەردىن تاش ئۇنۇپ چىقىپتۇ، تاشنىڭ ئۈستىدە مىس چەمبەر بار ئىكەن. ئالاۋىدىن بولارنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن قاچماقچى بوپتۇ، لېكىن سېھىرگەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، بىر تەستەك ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپتۇ.

— مەن سېنىڭ تاغاڭ، بۇيرۇقۇمغا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك، — دەپتۇ سېھىرگەر قوپاللىق بىلەن. لېكىن كېيىن سېھىرگەر تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىپتۇ:

— قورقما! بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ تاشنىڭ ئاستى چوڭ بىر خەزىنە، ئىچىدە لىق ئۈنچە-مەرۋايىت بار، ئۇنى ئېلىپ چىقساڭ، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا باي بولۇپ كېتىسەن.

— لېكىن، تاغا، — دەپتۇ ئالاۋىدىن، — قانداق قىلىمەن؟

— ئاۋۇ مىس چەمبەرنى تۇتۇپ، تاشنى كۆتۈر.

— لېكىن كۈچۈم يەتمەيدۇ، سىز ماڭا ياردەم قىلىڭ.

— ياق، — دەپتۇ سېھىرگەر، — بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆزۈڭ قىلىشىڭ كېرەك، ساڭا باشقا ئادەم ياردەملەشسە بولمايدۇ.

ئالاۋىدىن بىرىپ تاشنى ئېلىۋېتىپتۇ.

تاش ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ،





# مىڭ بىر كېچە



ئۆڭكۈر 4 ~ 3 چى چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، ئىشىككە قويۇلغان بىر شوتا بار ئىكەن.

— چۈشكىن بالام، — دەپتۇ سېھىرگەر، — ئىشىكنى ئاچساڭ، ئۈچ زاللىق قەسىر بار. بىرىنچى زالغا كىرىشتىن ئىلگىرى كىيىملىرىڭنى تۇتۇۋال؛ ئىككىنچى زالدىن ئۆتكەن-دە تامغا تېگىپ كەتمە، تېگىپ كەتسەڭ شۇ زامان ئۆلىسەن؛ ئۈچىنچى زالنىڭ نېرىقى چېتىدە باغقا چىقىدىغان بىر ئىشىك بار، باغدا مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان دەرەخلەر بار، باغدىن ئۆتسەڭ پەشتاقنىڭ ئالدىغا بارىسەن، پەشتاقتا بىر تەكچە بار، تەكچىدە يېنىپ تۇرغان بىر چىراغ بار، بۇ چاغدا چىراغنى ئېلىپ، پىلىكىنى چىقىرىۋېتىپ، يېغىنى تۆكۈ-ۋەت، چىراغنى قوينۇڭغا تىقىپ ئەكېلىپ ماڭا بەر.

سېھىرگەر گېپىنى تۈگىتىپ، قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ ئالاۋىدىننىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

— بۇ ئۈزۈك سېنى ھەرقانداق بالايىئاپەتتىن ساقلايدۇ، شۇڭا يۈرەكلىك ھالدا بارغىن، چىراغنى ئېلىپ چىقساڭ ئەڭ كاتتا باي بولۇپ كېتىسەن، — دەپتۇ.

ئالاۋىدىن سېھىرگەرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، چى-راغنى قوينىغا تىقىپتۇ، يېنىپ كەلگۈچە باغدىن نۇرغۇن مېۋە ئۈزۈۋاپتۇ، مېۋىلەر پارقىراپ تۇرىدىكەن، ئالاۋىدىن ئاخى-رى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، يۇقىرىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— تاغا، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى تارتىپ چىقىرىپ قويۇڭ.

لېكىن سېھىرگەر:





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئاۋۋال چىراغنى ماڭا بەر، — دەپتۇ.

— تاغا، — دەپتۇ ئالاۋىدىن، — مەن چىقىۋالغاندىن كېيىن بېرەي.

سېھىرگەر ئالاۋىدىنىنىڭ گەپكە كىرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئوتنىڭ ئۈستىگە يەنە كۈجە تاشلاپ، ئەپسۇن ئوقۇپتىكەن، ھېلىقى تاش دەرھال يېپىلىپ قاپتۇ.

مانا شۇ چاغدا ئالاۋىدىن ئۇنىڭ تاغىسى ئەمەس، رەھىمسىز دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئافرىقىدىن كەلگەن بۇ سېھىرگەر سېھىر كىتابلىرىدىن سىرلىق چىراغ توغرىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئوقۇغان ئىكەن، شۇڭا سىرلىق چىراغنى قولغا كىرگۈزۈپ، دۇنيادا ئەڭ باي ھۆكۈمران بولماقچى ئىكەن. ئەمدى مەغلۇپ بولۇپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۆڭكۈر ئاغزىنى يېپىۋېتىپ، غىپپىدە كېتىپ قاپتۇ.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## 2

يىپىلىپ قالغان ئۆڭكۈردە ئالاۋىدىن ھەرقانچە ۋارقىراپ تاغىسىنى چاقىرغان بولسىمۇ، ھېچبىر سادا ئاڭلانماپتۇ. بېشىغا تاش يېپىلىپ، پەلەمپەي ئاستىدىكى ئىشىكمۇ ئېتىلىپ قاپتۇ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يىغلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆزى تۇيماستىن قولى ئۈزۈككە تېگىپ كېتىپتۇ، ئالدىدا تۇيۇقسىز دىۋە پەيدا بوپتۇ، دىۋە ئالاۋىدىنغا:

— ساڭا نېمە لازىم، ماڭا ئېيت، مەن مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ قولى، بۇ ئۈزۈكنى كىم قولىغا سىلىۋالسا، مەن شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئەگەر ئادەتتە شۇنداق قورقۇنچلۇق بىرسى ئالاۋىدىننىڭ ئالدىغا كەلگەن بولسا، ئۇ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەر ئىدى، لېكىن ھازىرقى خېيىمخەتەر ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلاپتۇ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ دىۋىگە:

— مېنى بۇ يەردىن چىقىرىپ قوي، — دەپتۇ.

گەپىنىڭ تۈگىشىگە ئالاۋىدىن ئۆزىنى ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ئۆيگە بېرىپ، بۇ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى ناشتا قىلىدىغان چاغدا ئۆيىدە يەيدىغان نەرسە قالمىغانىكەن، ئالاۋىدىن يېنىدىكى چىراغنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنى سۈرتۈپ تازىلاپ بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بوپتۇ.

چىراغنى سۈرتۈۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى قور-









قونچلۇق سەت بىر دىۋە پەيدا بوپتۇ:

— ماڭا قىلدۇرىدىغان نېمە ئىشىڭلار بار بولسا، ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن مۇشۇ چىراغنىڭ قۇلى، بۇ چىراغ كىمنىڭ قولىدا بولسا، مەن شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئالاۋىدىننىڭ ئانىسى بۇ قورقۇنچلۇق دىۋىنى كۆرۈپ قورقۇپ هوشىدىن كېتىپتۇ، لېكىن دىۋىنى كۆرگەن ئالاۋىدىن، ناهايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭغا:

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، يەيدىغان نەرسە كەلتۈر، — دەپتۇ.

دىۋە كۆزدىن غايىب بولۇپ، بىردەمدە پەتنۇسقا كۈمۈش قەدەھ، تەخسىلەرنى سېلىپ، مول نازۇ نېمەتلەرنى ئېلىپ يېتىپ كەپتۇ. ئالاۋىدىننىڭ ئانىسى هوشىغا كەلگەندە هېلىقى دىۋە كۆزدىن غايىب بولغانىكەن.

ئالاۋىدىن ئانىسى بىلەن بىللە تاماق يەپ بولۇپ، دىۋىنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانىسىنىڭ ئەقلى قىسقا بولۇپ، بۇنى خەتەرلىك ۋە ئەخلاقسىز ئىش دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن چىراغ بىلەن ئۈزۈكنى سېتىۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ، لېكىن ئالاۋىدىن ئۇنىماپتۇ ۋە ئانىسىغا دىۋە بىلەن هېچقانداق مۇئامىلە قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ.

كېيىن نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئالاۋىدىن هېلىقى كۈمۈش قاچا - قۇچىلارنى مەككار يەهۇدىيغا سېتىپ بېرىپ، نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بوپتۇ. ئالاۋىدىن سىرلىق چىراغنى نەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە سۈرتۈپ، هەر قېتىمدا بىرنەچچە



www.uyghurkitap.com

كۆمۈش تەخسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئاپىرىپ ئۈنچە ـ مەر-ۋايىت سودىگىرىگە سېتىپتۇ. چىراغنى ئېلىپ چىققۇچە ئې-لىۋالغان مېۋىلەرنىڭ ئەينەك شار بولماستىن، بەلكى قىم-مەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئىكەنلىكىنى ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگىرىدىن بىلىپتۇ.

## 3

بىر كۈنى ئالاۋىدىن بازاردا كېتىۋېتىپ، مەلىكە بەيدۇلۇل بۇدۇلنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى، كوچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى تاقىۋېتىش توغرىسىدىكى پەرماننى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئالاۋىدىن كۆڭلىدە ئەجەبلىنىپ، بىر يەردە مۆكۈپ تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ چىرايىغا ئوغرىلىقچە قاراپتۇ، ئالا-ۋىدىن مەلىكىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ ۋە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، غەمكىن بولۇپ قاپتۇ.

ــ ئاغرىپ قالدىڭمۇ، ــ دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

ــ ياق، ــ دەپتۇ ئۇ جاۋاب بېرىپ، ــ مەلىكىگە كۆيۈپ قالدىم، پادىشاھتىن مەلىكىنى ياتلىق قىلىپ بېرىشنى تىلەيمەن.

ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەقلىدىن ئازدىمىكىن دەپ قاپتۇ، لېكىن ئالاۋىدىن سېرلىق چىراغ ۋە ئۈزۈكتىكى دېۋىلەر-نىڭ ئۆزىلا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، ئۆڭكۈردىن ئالغاچ كەلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سوۋغات قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى ئالاۋىدىننىڭ ئانىسى داستىخانغا يۆگەلگەن







ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئېلىپ ئوردىغا مېڭىپتۇ.

ئۇ ئالتە قېتىم بېرىپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ ھەم ئەكەلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى پادىشاھقا بېرىپتۇ.

يالتىراپ تۇرغان بۇ ئەتىۋارلىق ئۈنچە ـ مەۋايىتلارنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران قېلىپ:

— ئەجەب قىممەتلىك، ئەجەب ئېسىلكەن، — دەپ كېتىپتۇ. بۇ نەرسىلەر مەلىكىنىڭ سوۋغىسى بولۇشقا بەكمۇ يارايدىكەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— لېكىن، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋەزىر، — ئۈچ ئاي قاراپ باقايلى، ئۈچ ئايدىن كېيىن مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارلىق سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ، ئالاۋدىنىنىڭ ئانىسىغا ئۈچ ئايدىن كېيىن كېلىشىنى ئېيتىپتۇ.

ئالاۋدىنىنىڭ ئانىسى ئۆيىگە كېلىپ ئىشنىڭ جەريانىنى ئوغلىغا ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كۈنى شەھەر ئاھالىسى تۇيۇقسىز تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ بۈگۈن ئاخشام مەلىكە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئالاۋدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ. سىرلىق چىراغنى ئېلىپ سۈرتكەن ئىكەن، ھېلىقى دىۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تەييار بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— گېپىمنى ئاڭلا دېۋە، — دەپتۇ ئالاۋىدىن، — بۈگۈن ئاخشام ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن مەلىكە توي قىلىدىكەن.ئۇلار تويىنى قىلىپ بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنى بۇ يەرگە كەلتۈر.







— خوپ، غوجام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىۋە ھۆرمەت بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن ئاخشىمى مەلىكە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى يوقاپ كېتىپتۇ، مەلىكىنىڭ ھاياتىنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، پادىشاھ مەلىكە بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ تويىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

لېكىن پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بۇ قېتىمقى ئىشنى ئالاۋىدىننىڭ قىلغانلىقىنى بىلمەپتۇ.

## 4

ئۈچ ئاي مۆھلەت توشقاندا ئالاۋىدىننىڭ ئانىسى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ۋەدىسىنى بەجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئايالنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەلىكىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشنى خالىماپتۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئېغىر شەرتلەرنى قويۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— راست، ۋەدەمگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك. لېكىن بېرىپ ئوغلۇڭغا ئېيت، قىرىق ئالتۇن پەتنۇسقا گۆھەر سېلىپ، قىرىق زەڭگىگە كۆتۈرگۈزۈپ ماڭا ئەكېلىپ بەرسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، مەلىكىنى ئۇنىڭغا بەرمەيمەن.

ئالاۋىدىننىڭ ئانىسى ئۆيگە بېرىپ، بۇ گەپلەرنى ئالاۋ-



www.uyghurkitap.com



دىنغا ئېيتىپتۇ.

ئالاۋىدىن سىرلىق چىراغنى سۈرتۈپ، ھېلىقى دىۋىگە بۇ ئىشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دەرھال ئورۇنلاشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئاخىرى ھەممە سوۋغىلارنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

پادىشاھ بۇنچە كۆپ ئەتىۋارلىق گۆھەرلەرنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قاپتۇ، ھەم خۇشال بوپتۇ. مەلىكىنىڭ توي ئىشىنى دەرھال بېكىتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ مەلىكىنى ئۆزىگە ياتلىق قىلىشقا رازى بولغانلىقىنى بىلگەن ئالاۋىدىن خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىشقا ئاز قاپتۇ. سىرلىق چىراغنى سۈرتۈپ، ھېلىقى دىۋىگە ئەڭ چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل بىر ئات، چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن يىگىرمە مالاي ۋە ئالتە دېدەك، ئون خالتىغا قاچىلانغان ئون مىڭ تىللا تەييار قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئالاۋىدىن ئوردىغا بېرىپتۇ. بايلىقى ۋە قائىدە ـ يوسۇن بىلىش بىلەن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بوپتۇ. ئەتىسى ئالاۋىدىن ئوردا يېنىدىكى بوش يەرگە ئىنتايىن چوڭ قەسىر سالدۇرۇپتۇ. ئالاۋىدىن بىلەن مەلىكە توي قىلىپ، مۇشۇ كاتتا قەسىردە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

5

ئافرىقىلىق ھېلىقى سېھىرگەر ئالاۋىدىننى ئۆڭكۈرگە قاماپ







قويغاندىن كېيىن، ئۇنى «ئۆلدى» دەپ ئويلىغانىكەن. لېكىن شۇ چاغدا ئۇ پال ئېچىپ ئالاۋىدىننىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، شۇ كۈنى ئۆڭكۈردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، سىرلىق چىراغ دىۋىسىنىڭ ياردىمىدە باياشات، كاتتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ.

شۇڭا بۇ سېھىرگەر پاراخوتقا چۈشۈپ ئافرىقىدىن بۇ شەھەرگە كېلىپ، بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە ئالاۋىدىننىڭ بايلىقى، ئابرۇيى ۋە تۇرمۇشىغا دائىر ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ ۋە ھەسەت قىپتۇ. ئىلاجى قىلىپ، سىرلىق چىراغنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بوپتۇ.

ئۇ پال ئېچىپ، سىرلىق چىراغنىڭ ئالاۋىدىننىڭ يېنىدا بولماستىن، قەسىردە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئالاۋىدىننىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئوۋغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، يەتتە ـ سەككىز كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، سۇيىقەستىنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييارلىنىپتۇ.

ئۇ چىراغ دۇكىنىغا بېرىپ بىرنەچچە مىس چىراغ سېتىۋېلىپ، خۇرجۇنغا سېلىپ، ئالاۋىدىننىڭ قەسىرى تەرەپكە مېڭىپتۇ. قەسىرگە يېقىن بارغاندا:

— كونا چىراغنى يېڭى چىراغقا تېگىشىمەن، كىم كونا چىراغقا يېڭى چىراغ تېگىشىدۇ، — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ.

ئەجەبلەنگەن كىشىلەر ئۇنى ئورۇۋېلىپ «ئىلىشىپ قاپتۇ» دەپ مەسخىرە قىپتۇ، لېكىن سېھىرگەر يەنە تىنماي ۋارقىراپتۇ.





مەلىكە قەسىرنىڭ دېرىزىسىدە تۇرۇپ، بىر توپ كىشى-نىڭ بىرەيلەننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشى-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ھەيران بولغان ھالدا كېنىزىكىنى زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بىر-دەمدىن كېيىن كېنىزەك كۈلۈپ يېنىپ كىرىپ، بىر دۆتنىڭ يېڭى چىراغقا كونا چىراغ تېگىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا يەنە بىر كېنىزەك گەپ قىستۇرۇپتۇ:

— كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئۆيدىكى ئويۇقتا بىر كونا چىراغ بار ئەمەسمىدى؟ مەلىكەم ماقۇل دېسە بۇ دۆت بىلەن سودا قىلىپ باقسا بوپتىكەن.

مەلىكە ئۇ كونا چىراغنىڭ قىممىتىنى بىلمەي، كېنە-زىكىنى قىزىقارلىق سودا قىلىشقا چىقىرىپتۇ. كېنىزەك كونا چىراغنى ئېلىپ چىقىپ، يېڭى چىراغقا تېگىشىپ كە-رىپتۇ. سېھىرگەر سىرلىق چىراغنى قولغا چۈشۈرۈپ، دەرھال قەسىردىن يىراقلاپ، جىمجىت يەرگە بېرىپ، چىراغ-نى سۈرتكەنىكەن، سىرلىق چىراغدىكى دىۋە پەيدا بوپتۇ.

دىۋە ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ:

— ماڭا قىلدۇرىدىغان نېمە ئىشىڭىز بار؟ مەن بۇ چى-راغنىڭ قۇلى، كىم چىراغنىڭ ئىگىسى بولسا، مەن شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ساڭا شۇنى بۇيرۇيمەنكى، — دەپتۇ سېھىرگەر، — مېنى، سەن ياسىغان قەسىرنى ۋە قەسىردىكى ئادەملەر بىلەن ھەممە نەرسىنى ئافرىقىغا ئېلىپ بار.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىۋە جاۋاب بەرمەپتۇ، لېكىن ھەش ـ پەش دېگۈچە، سېھىرگەر، قەسىر ۋە قەسىر ئىچىدىكى ئادەملەر بىلەن ھەممە نەرسىلەر سېھىرگەر كۆرسىتىپ بەرگەن ئافرىقىدىكى يەرگە يۆتكەپ بېرىپتۇ.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## 6

ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ ئالاۋىدىننىڭ قەسرىگە بارسا، نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ يەردە تۇرغان قەسىر پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋەزىرنى چاقىرتىپ كېلىپ، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ۋەزىر ئوغلىنىڭ توي ئىشى تۈپەيلىدىن ئالاۋىدىنغا نارازى بولۇپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا بىر ئەپسۇن بىلەن سېلىنغان بىنا، ئالاۋىدىن قەسىرىنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىنى ئۇۋغا چىقىش باھانىسى بىلەن يوشۇرماقچى بولغان دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، قول ئاستىدىكى نۆكەرلەرگە ئالاۋىدىننى تۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— شاھ ئاتا، — دەپتۇ ئالاۋىدىن، — گۇناھىم نېمىكىن؟

— گۇناھىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ ھۆركىرەپ، — ھەي مۇتتەھەم! بىلەمسىنا؟ قەسىرىڭ نەگە كەتتى؟

ئالاۋىدىن دېرىزىدىن قاراپتۇ. قەسىرىنىڭ يوقلۇقىدىن ھەيران قاپتۇ، لېكىن سەل تۇرۇۋېلىپ، پادىشاھقا:

— ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، قىرىق كۈندە قەسىرنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىسەم، ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ رازىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. لېكىن پادىشاھ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا:

— قىرىقىنچى كۈنى كەچتە ئۆزۈڭ ئالدىمغا كېلىشىڭ







شەرت، ــ دەپتۇ.

ئالاۋىدىن كېلىشكىنى بويىچە ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ-تۇ. شەھەردە ئۈچ كۈن چۆرگىلەپ يۈرۈپ، قەسىرى توغرىسى-دا ھېچقانداق خەۋەر ئالالماپتۇ. تۆتىنچى كۈنى يېزىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، پۇتلىشىپ ئۆستەڭگە يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر تاشنى تۇتۇۋاپتۇ، ئۆزىمۇ تۇيماي قولىدىكى ئۈ-زۈكنى سۈركىۋېتىپتۇ، بۇ چاغدا ئۈزۈكتىكى دىۋە ئۇنىڭ ئال-دىدا پەيدا بولۇپ:

ــ ماڭا نېمە ئىش قىلدۇرىسىز؟ مەن مۇشۇ ئۈزۈكنىڭ قۇلى، بۇ ئۈزۈكنى كىم قولىغا ئالسا، مەن شۇنىڭ خىزمىتى-نى قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

ئالاۋىدىن ئۈزۈك دىۋىسىنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغانلى-قىنى ئويلىمىغانىكەن، شۇڭا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن:

ــ قەسىرىمنى ئەسلىي ئورنىغا كەلتۈرۈپ بەر، ــ دەپتۇ.

ــ بۇيرۇغىنىڭىز، ــ دەپتۇ دىۋە، ــ مېنىڭ ھوقۇق دا-ئىرەمدىكى ئىش ئەمەس، مەن ئۈزۈكنىڭ قۇلى، چىراغنىڭ قۇلى ئەمەس.

ــ ئەمىسە، ــ دەپتۇ ئالاۋىدىن گېپىنى ئۆزگەرتىپ، ــ بۇيرۇقۇم شۇكى، ھوقۇقىڭنى ئىشلىتىپ، مېنى قەسرىم بار يەرگە ئېلىپ بارغىن.

شۇنىڭ بىلەن ئالاۋىدىن ھەش ـ پەش دېگۈچە قەسىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ، ئۆزى تۇرغان جاي دەل خوتۇنىنىڭ ئۆ-



يىنىڭ دېرىزىسى ئىكەن، خوتۇنى دېرىزىدىن ئۇنى كۆرۈپ ئىلاجى قىلىپ ئۇنى يوشۇرۇن ئىشىكتىن كىرگۈزۈپتۇ، كۆپ ئۆتمەي خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپتۇ.

ئۇلار شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئاندىن تىنچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئالاۋىدىن كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئۆيدىكى كونا چىراغنى سوراپتۇ. مەلىكە كونا چىراغنى تېگىشىۋەتكەن ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەم ئۇنى سېھىرگەرنىڭ ئافرىقىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، بىر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قوينىغا سېلىنىۋالغان كونا چىراغنى ئۆزىگە كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئالاۋىدىن دەرھال تەدبىر ئويلاپ، ھېلىقى كونا چىراغنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئىلاجىنى قىپتۇ. ئۇ رغۇن ئۇيقۇ دورىسى ئەكېلىپ، مەلىكىگە بۇ دورىلارنى ھاراق رومكىسىغا سېلىپ، ئافرىقىلىق سېھىرگەرگە ھاراق ئىچكۈزۈشنى تاپشۇرۇپتۇ، سېھىرگەر ھاراقنى ئىچىپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا جان ئۈزۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سىرلىق چىراغ يەنە ئالاۋىدىننىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە چىراغ دېۋىسى ئالاۋىدىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قەسىرنى بۇرۇنقى جايىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ مەلىكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئازابلىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قاراپ، ئالاۋىدىن قەسىرىنىڭ يۆتكەپ كېلىنىپ، ئەسلىي ئورنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەيران قالغان، ھەم خۇشال بولغان ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ، قىزى بىلەن كۆيئوغلىنى كۆرۈپتۇ، بۇ ئاجايىپ





سەرگۈزەشتىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن ياش تۆكۈپتۇ.

بۇ چاغدا پادىشاھ ئالاۋىدىنغا:

— ئوغلۇم! ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى، دەپ مەندىن رەنجىمە، بۇ پەقەت داداڭنىڭ ساڭا ئامراق ئىكەنلىكىدىن شۇنداق بولغان، مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن، — دەپتۇ.

— شاھ ئاتا، — دەپتۇ ئالاۋىدىن ھۆرمەت بىلەن، — سىزدىن رەنجىمەيمەن، بۇ قېتىمقى بەختسىزلىكنى ئاشۇ بەدبەخت سېھىرگەر پەيدا قىلدى.

ئالاۋىدىن ۋە ئۇنىڭ قەسرى كېيىن يەنە بىر قېتىم سېھىرنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپتۇ. ھېلىقى ئافرىقىلىق ئۆلگەن سېھىرگەرنىڭ ئىنىسى بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى بىلگەندىن كېيىن راھىبەچە ياسىنىپ، شەرققە كېلىپ، مەلىكىنىڭ قەسرىگە چۈشۈپتۇ.

بىر قېتىم بۇ ساختا راھىبە مەلىكىگە قەسرىدىكى ھەممە نەرسە بەك چىرايلىق ئىكەن، ئەگەر كافكاز تاغلىرىدىكى سۇمۇرغنىڭ تۇخۇمىنى مۇشۇ قەسرنى سالغان ئۇستىكارلارغا ئالدۇرۇپ كېلىپ، يىپقا چىگىپ تورۇسقا ئېسىپ قويسا، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئالاۋىدىنغا ئېيتىپتۇ. ئالاۋىدىن سىرلىق چىراغ دىۋىسىنى سۇمۇرغ تۇخۇمىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇيرۇق بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قەسىر ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تەۋرەپ كېتىپتۇ. سىرلىق چىراغ دىۋىسى ئالاۋىدىنغا سۇمۇرغ تۇخۇمى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خوجايى-



نى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنى ئېلىپ كېلىپ يىپقا ئېسىپ قويغاندا، ئالاۋىدىن، مەلىكە ۋە پۈتكۈل قەسىرنىڭ كۆلگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كېيىن ئالاۋىدىن دىۋە بىلەن يەنە بىر قېتىم پاراڭلىشىپ، ھېلىقى راھىبەنىڭ ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئالاۋىدىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ ۋەھشىي دۈشمەننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئالاۋىدىن بىلەن مەلىكە خاتىرجەم ياشاپتۇ، كېيىن پادىشاھ قېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، مەلىكە پادىشاھ بولۇپ، ئالاۋىدىن بىلەن ئىككىسى دۆلەتنى ناھايىتى ئىناق باشقۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بوپتۇ.





www.uyghurkitap.com





# ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى

## 1

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئەجەم مەملىكىتىنىڭ مەلۇم بىر
شەھىرىدە ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار ياشايدىكەن، ئاكىسىنىڭ
ئىسمى هاشىم، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ئەلى بابا ئىكەن. هاشىم
بىر باي ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، باي سودىگەر بوپتۇ.
ئەلى بابا ئۆزىگە ئوخشاش نامرات ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلە-
نىپ، ئوتۇن سېتىپ جان باقىدىكەن. هەر كۈنى ئۈچ ئېشە-
كى بىلەن شەھەرگە ئوتۇن ئەكېلىپ ساتىدىكەن، تۇرمۇشى
غورىگىل ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەلى بابا ئورمانلىقتا ئورۇن كېسىۋې-
تىپ، بىر توپ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، قاراقچىلارمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ، بىر تۈپ دەرەخ-
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ مۆكۈۋاپتۇ.

بۇ ئاتلىقلار قىرىق ئادەم بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قولىدا
قورال بار ئىكەن، ئۇلار چوڭ دەرەخنىڭ يېنىدىكى قورام
تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ، ئاتلارنى پاكار
دەرەخلەرگە باغلاپ، ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇنلارنى چۈ-





شۇرۇپتۇ، خۇرجۇنلارغا لىق نەرسە قاچىلانغانىكەن.

بۇ چاغدا بۇ قىرىق ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئۇلارنىڭ باشلىقىغا ئوخشايدىغان بىرسى ئەلى بابا مۆكۈۋالغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، پاكار دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ: «كۇنجۇت، ئىشىكنى ئاچ!» دەپ ۋارقىراپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تاش ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپتۇ، ئۇ خۇرجۇنلارنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزى كىرىپتۇ، تاش ئىشىك يېپىلىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي تاش ئىشىك يەنە ئېچىلىپتۇ، ھېلىقى ئاقساقال باشتا چىقىپتۇ، ھەممەيلەننىڭ چىقىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ: «كۇنجۇت، ئىشىكنى ياپ!» دەپتۇ. ئىشىك يېپىلىپتۇ، ئۇلار قۇرۇق خۇرجۇنلىرىنى ئېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپتۇ.

ئۇلار كېتىپ قارىسى يوقالغاندىن كېيىن، ئەلى بابا دەرەختىن چۈشۈپ، تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھېلىقى ئاقساقالدەك: «كۇنجۇت، ئىشىكنى ئاچ!» دەپتىكەن، تاش ئىشىك ئېچىلىپتۇ.

ئەلى بابا ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ غار بولۇپ، بۇ يەردە ھەر خىل ئاشلىق، ئالتۇن ـ كۈمۈش، توپ ـ توپ يىپەك ۋە تاغارلاردا نۇرغۇن كېپەك ئالدۇنلار بار ئىكەن.

ئەلى بابا ئۈچ ئېشەكنى يېتىلەپ كېلىپ، بىرنەچچە خالتا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئارتىپ، تاش ئىشىكتىن چىقىپ، ھېلىقى ئاقساقالدەك: «كۇنجۇت، ئىشىكنى ياپ!» دېگەنىكەن،







ئىشىك يېپىلىپ قاپتۇ.

ئەلى بابا قايتىپ كېلىپ ئالتۇنلارنى ئۆيگە ئېلىپ كە-
رىپتۇ، ئۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئايالى
هاشىمنىڭ ئايالىدىن تارازا ئارىيەت ئېلىپ كەپتۇ. هاشىم-
نىڭ ئايالى ئەلى بابا ناهايىتى كەمبەغەل تۇرسا، تارازا بىلەن
نېمە تارتىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، تارازىنىڭ تەكتىگە ماي
سۈركەپ قويۇپتۇ. ئەلى بابانىڭ خوتۇنى بۇنىڭغا دىققەت قىل-
ماپتۇ، تارازىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە تارازىنىڭ تەكتىگە چاپلى-
شىپ قالغان ئالتۇنغا دىققەت قىلماپتۇ.

هاشىمنىڭ ئايالى ئەلى بابالارنىڭ تارازىدا ئالتۇن تارتى-
قانلىقىنى بىلىپ، ئىنتايىن هەسەت قىپتۇ: ئەلى بابا قانداق
قىلىپ شۇنچە تېز بېيىپ كەتتىكىن دەپ ئويلاپتۇ، بىلگەنلى-
رىنى هاشىمغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، هاشىم ئۇكىسىنى كۆزگە
ئىلماي يۈرۈيدىكەن، ئەتىسى ئەتىگەندە هاشىم ئۇكىسىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇكىسىدىن مەخپىيەت-
لىكنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

ئەلى بابا بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئاكىسىنىڭ بىلىپ قال-
غانلىقىنى تۇيۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ هەم ئا-
كىسىغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپتۇ.

لېكىن ئاكىسى بايلىقتا تويمايدىغان ئادەم ئىكەن، ئەتى-
سى كۈن چىقماستا هاشىم ئون قېچىرنى ئېلىپ، هېلىقى
غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، ئۇكىسى ئېيتىپ بەرگەندەك:
«كۈنجۈت، ئىشىكنى ئاچ!» دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئې-



www.uyghurkitap.com

چىلىپتۇ، ئۇ كىرگەندىن كېيىن ئىشىك يېپىلىپ قاپتۇ.

ئۇ غاردا بىرنەچچە خالتىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاپتۇ، بەك خۇش بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئىشىكنى ئاچىدىغان سۆزنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. «ئارچا، ئىشىكنى ئاچ» دەپ بېقىپتۇ، ئىشىك ئېچىلماپتۇ، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئىسىملارنى دەپ بېقىپتۇ، ئىشىك يەنىلا مىدىرلىماپتۇ.

چۈشتە قىرىق قاراقچى يېتىپ كېلىپ، غارنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە قېچىر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، غارغا ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ھەممەيلەن قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىپ ۋارقىراپ ئىشىكنى ئېچىپ ھاشىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. كىشىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، قاراقچىلار ھاشىمنىڭ جەسىتىنى تۆت پارچە قىلىپ، غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېسىپ قويۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## 2

كەچقۇرۇن ھاشىمنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئىچى تىت ـ تىت بوپتۇ. ھاشىم يېرىم كېچىگىچمۇ كەلمىگەچكە، ھاشىمنىڭ خوتۇنى ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپتۇ. ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە يىغلاپ بېرىپتۇ، ئەلى بابا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۈچ ئېشەكنى ئېلىپ، ئورمانلىققا مېڭىپتۇ.

ئەلى بابا ئىشىكنى ئېچىپ، غارغا كىرىپ، ئاكىسىنىڭ قان تېمىپ تۇرغان جەسىتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى باشقىلارنىڭ خارلىشىنى خالىماي، جەسەتنى غاردىكى رەختلەرگە يۆگەپ ئېشەككە ئارتىپ ئۆيىگە ياندۇرۇپ كەپتۇ.

ئەلى بابا ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى يەڭگىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ. يەڭگىسىنىڭ ئۆيىدە مەرزىيە ئىسىملىك بىر دېدەك بار بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق، ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغان قىز ئىكەن. ئەلى بابا ئۇنىڭغا:

— مەخپىيەتلىكنى چوقۇم ساقلىشىڭ كېرەك. خوجايىنىڭنىڭ جەسىتى ئاۋۇ ئىككى سىۋەتتە، جەسەتنى كۆمىدىغان چاغدا تەبىئىي ئۆلگەندەك قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن. ئەقلىڭ بىلەن بىر تەرەپ قىلارسەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە مەرزىيە دورا دۇكىنىغا دورا ئالغىلى بېرىپ، خوجايىنىم ئاغرىپ خەتەرلىك ھالغا





# مىڭ بىر كېچە



چۈشۈپ قالدى، دەپتۇ. كەچقۇرۇن يەنە دورا دۇكىنىغا دورا ئال- غىلى بېرىپ، خوجايىنىمىنىڭ ساقىيىپ قېلىشىدىن ئۈمىد يوقتەك قىلىدۇ، دەپتۇ. يېرىم كېچىدە مەرزىيە بىلەن ھاشىم- نىڭ ئايالى تۇيۇقسىز ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. مەرزىيە كىشىلەرگە خوجايىنىنىڭ جىددىي كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەت- كەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاشىمنىڭ قانداق ئۆل- گەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمان قىلماپتۇ.

ئەتىسى مەرزىيە بازاردىكى قېرى موزدۇزنىڭكىگە كەپتۇ. موزدۇزنى ئۇ تونۇسىمۇ، موزدۇز ئۇنى تونۇمايدىكەن، ئۇ موزدۇزغا بىر تىللا بېرىپ:

— ئۇستاپا، تىكمىچىلىك سايمانلىرىڭنى ئېلىپ مەن بىلەن ماڭ، لېكىن يولدا كۆزۈڭنى ئېتىپ قويىمەن، — دەپتۇ.

— ھە! — دەپتۇ موزدۇز، — مېنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىش قىلىپ قويىدۇ، دەپ قورقامسەن؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ مەرزىيە ئۇنىڭغا يەنە بىر تىللا بېرىپ، — مەن بىلەن ماڭساڭلا بولدى، قورقما.

موزدۇز مەرزىيەنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، يېرىم يولغا كەلگەندە، مەرزىيە ئۇستاپانىڭ كۆزىنى ياغلىق بىلەن چىڭ چېگىپ، ئۆيگە كەلگەندە ياغلىقنى يېشىپ، خوجايىنىنىڭ جەسىتىنى تىكتۈرۈپتۇ.

جەسەتنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە بىر تىللا بېرىپ، كۆزىنى ئېتىپ يېرىم يولغىچە ئاپىرىپ، ياغ- لىقنى يېشىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى مەخپىيەتلىكنى



www.uyghurkitap.com

ساقلاشنى جېكىلەپتۇ، موزدۇز كۆزدىن يىتكەندە ئانىسى كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھاشىمنىڭ خوتۇنى، ئىنىسى ۋە ئۆيىدىكى دېدەك مەرزىيەدىن باشقا ھېچكىم ھاشىمنى باشقا سەۋەبتىن ئۆلدى دەپ ئويلىماپتۇ.

مېيىتنى ئۇزىتىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەلى بابا بىر قىسىم نەرسىلەرنى يەڭگىسىنىڭكىگە يۆتكەپتۇ ھەم يەڭگىسىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ھاشىمنىڭ دۇكىنىنى ئېچىپ تۇرۇشقا ئەلى بابا چوڭ ئوغلىنى ئەۋەتىپتۇ.





## 3

قىرىق قاراقچى غارغا كېلىپ، هاشىمنىڭ جەسىتىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپتۇ. ئوغرىلارنىڭ ئاقساقىلى:

— سىرىمىزنى بىلىدىغان يەنە بىر ئادەم بار ئىكەن، هاياتىمىزنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىلاجى قىلىپ ئۇ ئادەمنى تۇتۇشىمىز لازىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىرىق ئوغرىدىن بىرسى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ شەھەرگە بېرىپ، يېقىندا مېيىت ئۇزاتقان ئۆيلەرنى سۈرۈشتۈرىدىغان بوپتۇ. بۇ ئىش ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، ئىشنى كىم بۇزۇپ قويسا، شۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە كېلىشىپتۇ.

ئۇ شەھەرگە كەلگەندە بەك ئەتىگەن بولغاچقا، دۇكانلار ئېچىلماپتۇ. پەقەت مۇستاپالا دۇكىنىنى ئېچىپتىكەن، ئۇ مۇستاپانىڭ يېنىغا كېلىپ، پاراڭلىشىشقا باشلاپتۇ.

— بوۋاي، يېشىڭىز شۇنچە چوڭ تۇرۇپ، كۆزىڭىز ئەجەب ياخشى ئىكەن - هە؟ يورۇق جايدىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزغا، جايىدا تىكەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەيمەن.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، — دەپتۇ موزدوز، — قېرىپ كەتكەن بولساممۇ، كۆزۈم ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ قاراڭغۇ جايدا بىر جەسەتنى تىككەنمەن.

— بىر جەسەت؟ — چۆچۈپ كېتىپتۇ سودىگەر سىياق-





www.uyghurkitap.com

ـدىكى ھېلىقى قاراقچى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپتۇ مۇستاپا جاۋاب بېرىپ، — قارىسام كۆپرەك ئىشلارنى بىلگۈڭ بارىدەك قىلىدۇ، لېكىن ساڭا شۇنچىلىكلا دەپ بېرەلەيمەن.

— بوۋاي، — دەپتۇ قاراقچى، — مەخپىيەتلىكىڭنى ئاش-كارىلاپ قويمايمەن، سەن جەسەت تىككەن ئۆينى كۆرسىتىپ قويساڭ بوپتىكەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپ موزدۇزغا بىر تىللا بېرىپتۇ.

موزدۇز تىللانى ئېلىپ، كۆزىنى ئېتىپ جەسەت تىكىش-كە بارغان جەرياننى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئوبدان گەپ، — دەپتۇ قاراقچى، — كۆزۈڭ ئېتىك-لىك پېتى ھېلىقى ئۆيگە بارالايدىغانسەن، بىللە بارايلى، خاتى-رەڭگە تايىنىپ، مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارغىن، بۇ يەردە ساڭا يەنە بىر تىللا بېرەي.

مۇستاپا تىللانى ئېلىپ، قاراقچىغا كۆزىنى تاڭدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپتۇ، مۇستاپا قاراقچىنى ھاشىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ.

قاراقچى ھاشىمنىڭ ئىشىكىگە قىزىل بور بىلەن بەلگە قىلىپ قويۇپ، ئورمانغا كىرىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا دېدەك قىز مەرزىيە بازاردىن كېلىپ، ئىشى-كىگە بوردا سىزىلغان بەلگىنى كۆرۈپ، بۇ بىرەر ئەسكى ئا-دەمنىڭ خوجايىنغا زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ بەلگىسى دەپ پەرەز قىلىپ، ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل بور









بىلەن ئوخشاش بەلگە سىزىپ قويۇپتۇ.

رازۋېدكا قىلىشقا كەلگەن قاراقچى ئورمانلىققا قايتىپ بېرىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى ئاقساقالغا تەپسىلىي مەلۇم قىپتۇ. ئاقساقال ھەممە ئادەملىرىنى ئېلىپ، قاراقچى بەلگە سىزىپ قويغان يەرگە كەپتۇ. قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى قارىسا، بىرنەچچە ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئوخشاش بەلگە سىزىپ قويۇلغان، ھېلىقى موزدۇز جەسەت تىككەن ئۆي قايسى بولغاي؟ رازۋېدكا قىلغان قاراقچى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كېتىپ، ئۇ قاراقچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەندۈرۈش ئۈچۈن، رازۋېدكا قىلىشقا ئىككىنچى ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ.

بۇ ئىككىنچى قاراقچى بىرىنچى قاراقچىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، موزدۇز بىلەن ھاشىمنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان يەرگە قىزىل بور بىلەن بەلگە سىزىپ قويۇپتۇ.

لېكىن بۇ بەلگىنى دېدەك قىز مەرزىيە تالاغا چىققاندا كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئوخشاش رەڭلىك بور بىلەن ئەتراپتىكى ئۆي ئىشىكلىرىنىڭ ئوخشاش يېرىگە ئوخشاش بەلگە سىزىپ قويۇپتۇ.

نەتىجىدە ئىككىنچى قاراقچىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.



## 4

ئۈچىنچى قېتىم بۇ ئىشنى قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى



ئۆزى قىلماقچى بوپتۇ. ھېلىقى موزدۇز ئۇنى ھاشىمنىڭ ئىشىك ئالدىغا باشلاپ كەلگەندە، تەپسىلىي قاراپ، ئۆيىنى ئېنىق بىلىۋاپتۇ. ھېچقانداق بەلگە قىلماپتۇ.

قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى غارغا بېرىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە:

— بۇ قېتىم دۈشمىنىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىغان بولدۇق، — دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇ ئۆيدىكى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىدىن 19 قېچىر، 38 يوغان كۆپ سېتىۋېلىپ، بىر كۆپكە لىق ماي قاچىلاپتۇ، قالغان 37 كۆپكە قاراقچىلار قوراللىرىنى ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە كۆپلەرنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، نەپەس ئالىدىغانغا كىچىك تۆشۈك قويۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ كۆپلەرنى 19 قېچىرغا ئارتىپتۇ. قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى قېچىرچى بولۇپ، خېچىرلارنى ھەيدەپ، كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بۇ قېچىرلار ھاشىمنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلگەندە ئەلى بابا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى قېچىرلىرىنى توختىتىپ:

— يىراقتىن ماي ئېلىپ كەلگەن، ئەتە مۇشۇ يەردىن بازارغا ئاپىرىپ ساتاي دېۋىدىم، كەچ بولۇپ كەتتى، ھويلىڭىزدا بىر كېچە قونسام بولامدۇ، — دەپ سوراپتۇ.

ئەلى بابا ئورمانلىقتا قاراقچىلارنىڭ بۇ ئاقساقىلىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گىرىم قىلىۋالغانلىقتىن تونۇ-





يالماپتۇ. ئۇنىڭ قونۇشىنى ياخشى نىيەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېچىر ۋە كۈپلەرنى دېدەك مەرزىيە ئېغىلغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممەيلەن ئۇخلاپ كېتىپتۇ، لېكىن مەرزىيەنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، چىراغنىڭ يېغى تۈگەپ ئۆچۈپ قېلىشقا ئاز قاپتۇ. ئېغىلدىكى كۈپلەرنى يادىغا ئېلىپ، كۈپتىن ئازراق ياغ ئوغرىلاپ كەلمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇ بىرىنچى كۈپنىڭ يېنىغا بارغاندا، كۈپتىكى قاراقچى پەس ئاۋازدا:

— ۋاقىت توشتىمۇ؟ — دەپتۇ.

مەرزىيە چۆچۈپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ خوجايىنىنى ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنى نابۇت قىلىدىغانلىقىنى دەرھال بىلىپتۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ:

— تېخى توشمىدى، لېكىن ئاز قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەربىر كۈپنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇ شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئاخىرى بىر كۈپتە ياغ بارلىقىنى بىلىپتۇ.

مەرزىيە خوجايىنىنىڭكىگە قاراقچى كەلگەنلىكىنى، ھېلىقى قېچىرچىنىڭ قاراقچىلاردىن بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ، دەرھال ياغ كۈپىنىڭ يېنىغا چوڭ كورا ئاپىرىپ لىق ياغ ئۇسۇپتۇ، ئاندىن ئوچاققا ئوت يېقىپ، كورىدىكى ياغنى قايناتقاندىن كېيىن، ھەربىر كۈپنىڭ ئىچىگە قۇيۇپتۇ.





قۇرۇق كۆپلەردىكى قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، قې-چىرچىغا زەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي، قېچىرچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ ناھايىتى نورمال، قاراڭغۇ، جىمجىت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كېلىشىشۇالغان بىشارەت بويىچە تاش ئېتىپتۇ، بىرنە-چە كۆپكە تاش تېگىپتۇ، لېكىن كۆپلەردىن سادا چىقماپتۇ.

ئۇ چۆچۈپ، ئوغرىلىقچە ئېغىلغا كىرىپ، كۆپلەرنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. بىرىنچى كۆپنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئىسسىق ياغنىڭ پۇرىقىنى پۇراپتۇ، كۆپتىن ياغنىڭ بۇسى چىقىۋاتقانىكەن، بۇ چاغدا ئۇ سۇيىقەستنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى، ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ، باغنىڭ قو-لۇپىنى چېقىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەلى بابا ئورنىدىن تۇرغاندا، مەرزىيە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، مەرزىيەنىڭ قاراقچىلارغا باتۇرلۇق ۋە ئەپچىللىك بىلەن تاقابىل تۇرغانلى-قىنى ئاڭلاپ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇش بولۇپ، ئاخىرى:

— سەن چېچەنلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن ھاياتىمنى قۇتقۇ-زۇپ قالدىڭ، شەپقىتىڭگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر-دىن باشلاپ سەن بۇ يەردىن تولۇق رازى بولغۇچە ئەركىن بول-غانلىقىڭنى جاكارلايمەن، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدا ئادرېسى

## 5

قىرىق قاراقچىنىڭ ئاقساقىلى غارغا قايتقاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئازابلىنىپ، دەرھال قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بوپتۇ.

ئۇ سودىگەرچە ياسىنىپ، يەنە شەھەرگە كەپتۇ، غاردىن نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇن ئەكېلىپ دۇكان ئىجارە ئاپتۇ، بۇ دۇكان ھاشىملارنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىكەن، قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى ئىسمىنى «ھەسەن» دەپ ئاتاپتۇ، يېنىدىكى سودىگەرلەرگە ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ، ئەلى بابانىڭ ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ بۇرۇن مۇئامىلە قىپتۇ، قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەلى بابانىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەلى بابانىڭ ئوغلىنى مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ.

ئەلى بابانىڭ ئوغلى دوستىنىڭ ياخشى نىيىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى يېزىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە، بۇرۇنقى ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

تاماق يەۋاتقاندا مەرجانە بۇ مېھماننىڭ چىرايىغا تازا زەن سېلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇن قېچىپ كەتكەن قېچىرچى قاراقچى ئىكەنلىكىنى تونۇۋاپتۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە زەن سېلىپ ئىچىگە خەنجەر تىقىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ.







شۇنىڭ بىلەن مەرزىيە باتۇرلۇق بىلەن بىر ئىش قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. كىيىملىرىنى ئۇسسۇل كىيىمىگە يەڭگۈشلەپ، بېلىگە كۈمۈش يالتىلغان كەمەر باغلاپ، خەنجەر ئېسىپتۇ.

ئۇلار كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغاندا مەرزىيە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە باشلاپتۇ، ئۇسسۇلنى ناھايىتى پەيزى ئويناپتۇ، ئۇسسۇلنى ئويناپ بولۇپ، ساھىبخانا ۋە مېھماندىن پۇل تىلەپ داپ كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. ئەلى بابا بىلەن ئوغلى بىردىن تىللا بېرىپتۇ، ھەسەن يانچۇقىنى كولاۋاتقاندا مەرزىيە غەيرەتكە كېلىپ، خەنجىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپتۇ.

— ھەي بۇزۇق! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەلى بابا غەزەپ بىلەن، — ئۆيۈمدىكى ھەممە ئادەمنى ۋەيران قىلىدىغان بولدۇڭ.

مەرزىيە ھەسەننىڭ قوينىدىكى غىلاپقا سېلىنغان خەنجەرىنى كۆرسىتىپ:

— ئوبدان قاراپ بېقىڭلارچۇ، بۇ ئۆتكەن قېتىم قېچىپ كەتكەن قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى شۇ! — دەپتۇ.

ئەلى بابا خەنجەرنى كۆرۈپ، ھەم ئۇنىڭ بۇرۇنقى قېچىرچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، خۇشاللىقىدىن ئەقلىدىن ئازغاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ مەرزىيىنى قۇچاقلاپتۇ:

— مەرزىيە، بۇرۇن ساڭا ھۆرلۈك بەرگەن ھەم كەلگۈسىدە جاۋاب قايتۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدىم، ئەمدى ماڭا كېلىن بول، — دەپتۇ ھەم ئوغلىغا، مەرزىيە بىلەن، يەنى ئائىلىمىزنى ساقلاپ



www.uyghurkitap.com







قالغان ئادەم بىلەن توي قىل، — دەپتۇ.

ئوغلى دادىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. مەرزىيەگە دادىسىدىنمۇ كۆپرەك رەھمەت ئېيتىپتۇ، نەچچە كۈن ئىچىدە مەرزىيە بىلەن توي قىپتۇ.

ئەلى بابا ھېلىقى غارغا توپتوغرا بىر يىل بارماپتۇ. ھېچكىم ئۆيگە كېلىپ پاراكەندە قىلمىغاچقا، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئورمانلىقتىكى غارنى كۆرۈپ بېقىشقا بېرىپتۇ. غارغا كىرىپ، ماللارنى يۆتكىگەن ئىزلارغا قاراپ، قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ چىققاندىن بۇيان ھېچكىمنىڭ كىرىپ باقمىغانلىقىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ. قاراقچىلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئۆيگە نۇرغۇن ئۈنچە - مەرۋايىت ئېلىپ كېتىپتۇ. نەچچە يىلدىن كېيىن ئوغلىنى باشلاپ كېلىپ، غارنىڭ سىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

كېيىن ئوغلىدىن ئوغلىغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قاپتۇ، بىر ئۆيلۈك ئادەم باياشات ھەم بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# دېڭىز سەپىرى ھەققىدە ھېكايىلەر

باغداد شەھىرىدە سىندىباد ھامال دەيدىغان كەمبەغەل بىر ئادەم ياشىغانىكەن. بىر كۈنى ئۇنى بىرسى ئېغىر بىر نەرسىنى شەھەرنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ياللاپتۇ، يۈكنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بېرىپ بەك ھېرىپ كېتىپ، يۈكنى چوڭ بىر ئۆينىڭ يېنىغا قويۇپ ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىدىن ئەتىرنىڭ خۇش پۇرىقى پۇراپتۇ، يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، گۆش ۋە ھاراقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كەپتۇ. سىندىباد ئۆيدىكىلەرنىڭ چوقۇم ئېسىل تائاملارنى يەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئىشىكتە تۇرغان مالايدىن سوراپتۇ.

— نېمە؟ — ھېلىقى مالاي جاۋاب بېرىپتۇ، — دېڭىزچى سىندىبادنىڭ ئۆيىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ دۇنيانى ئايلىنىدىغان مەشھۇر دېڭىزچى.

ھامال چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئاسماننىڭ چېتىگە قاراپ نالە قىپتۇ.







— ئاھ خۇدا، قارىغىنا مېنىڭ ئېيتىمۇ سىندباد، لېكىن ئارىمىزدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ! كۈندە جاپا چېكىپ ئىشلەيمەن، لېكىن قورسىقىم تويمايدۇ؛ خۇشال سىندباد بولسا تۈگىمەس پۇللىرىنى خالىغانچە خەجلەيدۇ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇ نېمە قىلغىنىغا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە جاپا تارتىمەن؟

ھامال شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ھويلىدىن بىر مالاي چىقىپ ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ، خوجايىن سىندبادنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئۇنى چوڭ زالغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر داستىخان سېلىپ ئېسىل تائاملارنى يەۋاتقانىكەن، تۆردە قامەتلىك، ساقاللىرى ئاقارغان، ھۆرمەتلىك بىر بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ، مانا شۇ سىندباد ئىكەن. سىندباد بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ناھايىتى خىجىل بولۇپ، تىترەپ تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن سىندباد ناھايىتى مۇلايىم بولۇپ، ئۇنى ئۆز تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆز قولى بىلەن ھاراق قۇيۇپ بېرىپتۇ.

ئەسلى سىندباد بۇ ھامالنىڭ گەپلىرىنى دېرىزىدىن ئاڭلاپ قېلىپ چاقىرتىپ كىرگەنىكەن، غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىن سىندباد ئۇنىڭغا:

— مەن كۆرۈۋاتقان راھەتنى ئۆزى كېلىپ قالدىمىكىن دەپ چۈشىنىپ قالما، بۇ بايلىقلارغا ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى كۆرمىگەن مۇشكۈلاتلارغا ئۇچرىدىم، ئەمدى ساڭا تارتقان جاپالىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com









## تۇنجى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

دادام داڭلىق سودىگەر بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن ماڭا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا قالغانىدى. لېكىن مەن
كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ، ئۇلارنى خەجلەپ تۈگەتتىم، ئۇزۇن
ئۆتمەي خاتالىقىمنى تونۇپ يەتتىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتسە
يېنىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئابرۇينىڭ ھەممىدىن ئۇستۇن
تۇرىدىغانلىقىنى، ئەقىل ـ پاراسەت ئۆزۈڭنىڭ بايلىقى ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلدىم، شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەي دادامدەك دېڭىز-
چى بولۇشقا بەل باغلىدىم، سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ،
سەپەرگە ئاتلىنىشقا كېمە تەييارلىدىم.

ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق، يولدا
بىرنەچچە ئارالدا توختىدۇق، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى
ئالماشتۇردۇق. بىر كۈنى كېتىۋېتىپ، دېڭىز يۈزىدىن
چىقىپ تۇرغان بىر پارچە يەرنى كۆردۇق، ئۇ يەر ئارالغا ئوخ-
شايتتى. كېمە باشلىقى قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئويناپ كېلىد-
غانلارغا رۇخسەت قىلدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم.

لېكىن سەپەردە ھېرىپ كېتىپ، ئارالدا ھاردۇق ئېلى-
ۋاتقان چېغىمىزدا تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ كەتتى.



كېمىدىكىلەر ئارالنىڭ تەۋرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىزنى دەرھال كېمىگە چىقىشقا چاقىردى، بولمىسا بىز ئۆلۈپ كېتەتتۇق، چۈنكى بىز چىققان بۇ ئارال دېڭىزدىكى غەلىتە مەخلۇقنىڭ دۈمبىسى ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر دېڭىزغا سەكرەپ كېمىگە ئۈزۈپ بېرىۋالدى، مەن بولسام كېمىدىن تاشلاپ بېرىلگەن ياغاچ چېلەككە ئېسىلىپ دېڭىزدا قالدىم، دېڭىزدا تويتوغرا بىر كېچە ـ كۈندۈز لەيلىدىم، كېيىن كۈچلۈك دولقۇن ئۇرۇپ بىر ئارالنىڭ قىرغىقىغا چىقىرىپ قويدى. دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرىغا يامىشىپ، قۇرۇقلۇققا چىقىۋالدىم، مۇشۇ ئارالدا كېتىپ بېرىپ، بىر پارچە تۈزلەڭ يەرگە كەلگەندە نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بىر يىلقىچىغا ئۇچراپ قالدىم. خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇ مېنى ئۆڭكۈرگە باشلاپ باردى، ئۇ يەردە ئارال پادىشاھىنىڭ ئات باقارلىرى بار ئىكەن، ئۇلار ھەر يىلى ئاتلارنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ باقىدىكەن، ئەتە قايتىپ كەتمەكچى ئىكەن، بىر كۈن كېچىككەن بولسام، ساق قالماسكەنمەن، يول باشلايدىغان ئادەم بولمىسا ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان يەرگە بارالمايدىكەنمەن.

ئەتىسى ئۇلار مېنى بۇ ئارالنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭغا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ھالىمدىن



# مىڭ بىر كېچە



ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى.

بۇ ئارال ناھايىتى ياخشى پورت بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن كېلىپ مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغان كېمىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى، بىر كۈنى بىر كېمە كەلدى، كېمىدىكى ئادەمنىڭ كېمىمىزنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن كېمىدىكى ماللىرىمنى سورىدىم.

— مەن سىندباد بولىمەن، — دېدىم مەن، — ئىسمىم يېزىلغانلىكى ماللار مېنىڭ.

— ئاھ خۇدا! — دېدى ئۇ توۋلاپ تۇرۇپ، — بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ، سىندبادنىڭ دېڭىزدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تۇرسام.

لېكىن مېنىڭ ئالدامچى ئەمەسلىكىمگە ئاخىرى ئىشەندى، چۈنكى كېمىدىكى ئادەملەر مېنى تونۇيتتى، تىرىك قالغانلىقىمنى كۆرۈپ خۇش بولۇشتى، كېمىدىكىلەر مېنىڭ سىندباد ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ خۇشاللىق بىلەن:

— غەلىبىڭىزنى تەبرىكلەيمەن! ئەنە ئاۋۇلار سىزنىڭ ماللىرىڭىز، قولىڭىزغا ئېلىپ بىر تەرەپ قىلارسىز، — دېدى.

ئەڭ پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى ئارالنىڭ پادىشاھىغا سوۋغا قىلدىم، پادشاھ ماڭا تېخىمۇ پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. ماللىرىمنى ئارالدىكىلەر بىلەن ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، كېمىگە چۈشۈپ يېنىپ كەلدىم، ئۇ





www.uyghurkitap.com

يەردىن ئۇد، سەندەل، كامفورا، قاقىلە، قەلەمپۇر قاتارلىق نەر-سىلەرنى ئېلىپ، يەنە بەزى ئاراللاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن پۇل تاپتىم...

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سىندىباد سۆزدىن توختاپ، ئۇنىڭغا بىر ھەميان تىللا بېرىپ، ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئەتە ئاڭلاشنى ئېيە-تىپتۇ ھەم ھەممە دېڭىز سەپەرلىرىنى تۈگىگىچە ئاشۇنداق سۆزلەپ بەرمەكچى بوپتۇ.







## ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

تۆنجى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدىن كېيىن، ئۆمرۈمنى باغدادتا ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جىمجىت مەنىسىز تۇرمۇشتىن زېرىكتىم، شۇڭا سودىگەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندىم.

ئارالمۇ ئارال يۈرۈپ سودا قىلىپ، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالدۇق. بىر كۈنى كېمە بىر ئارالنىڭ يېنىدا توختىدى، ھەممەيلەن قىرغاققا چىقتۇق. بۇ ئارالدا يا ئادەم، يا ئۇچار قۇش، يا ھايۋانات كۆرۈنمەيتتى، مېۋە ـ چېۋە ۋە گۈل ـ گىياھلار بار ئىدى.

كىشىلەر ئارالغا چىقىپ مېۋە ئۈزدى، مەن بولسام كېمىدىن ئالغاچ كەلگەن ھاراق ۋە يېمەكلىكلىرىمنى ئېلىپ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن، لېكىن ئويغىنىپ كېمىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

بۇ چاغدىكى قايغۇمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئىككىنچى قېتىم سەپەرگە چىققىنىمغا پۇشايمان قىلدىم، چۈنكى تۇنجى قېتىملىق سەپەردە تاپقان بايلىقىم





www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ ئاشاتتى.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ياتتىم، كېيىن دەرەخكە چىقتىم، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراق يەرلەرنى كۆرگىلى بولاتتى، دېڭىزغا قارىدىم، سۇدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى؛ ئارالدىكى قۇرۇقلۇقتا قارىسام يىراقتا ئاق بىرنەرسە كۆرۈندى، شۇنىڭ بىلەن دەرەختىن چۈشۈپ، ھېلىقى ئاق نەرسە كۆرۈنگە تەرەپكە ماڭدىم.

يېقىن بېرىپ قارىسام، ناھايىتى چوڭ ئاق ئۆي ئىكەن، ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىدا دېرىزە يوق، تاملىرى ئىنتايىن سىلىق. مەن گاڭگىراپ تۇرغاندا ھاۋانى قارا بۇلۇت باسقاندەك، ئالەم تۇيۇقسىز قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ زەن قويۇپ قاراپ، يوغان بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. دېڭىزچىلاردىن دېڭىزدا ئەنقا[1] دەيدىغان چوڭ بىر قۇشنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئاق گۈمبەز چوقۇم مۇشۇ ئەنقانىڭ تۇخۇمى، كۆپ ئۆتمەي ئەنقا پەسلەپ، تۇخۇم ئۈستىگە قوندى. بۇ چاغدا تۇخۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇشنىڭ دەرەخ غولىدەك پۇتىنى كۆردۈم، بېشىمدىن سەللەمنى ئېلىپ، ئۆزۈمنى قۇشنىڭ پۇتىغا چىڭ باغلىدىم، بۇ ئەنقانىڭ ئەتە مېنى بۇ قاقاس ئارالدىن ئېلىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدىم.

---

① ئەنقا ــ رىۋايەتلەردىكى ئەڭ چوڭ قۇش (مۇھەررىر).





ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئەنقا ئۇچۇپ، مېنى ناھايىتى ئېگىزگە ئېلىپ چىقتى. زېمىننى كۆرەلمەي قالدىم، كېيىن ئەنقا قانىتىنى سىڭايان قىلىپ پەسلىدى، قورقۇپ ھوشۇمدىن كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ يەردە ئىكەنلىكىمنى بىلگەندە تۇگۇچنى يېشىپ، ئەنقانىڭ پۇتىدىن ئايرىلدىم. ھېلىقى ئەنقا ناھايىتى چوڭ يىلاننى تۇتۇۋېلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

مەن تۇرغان جاينىڭ چۆرىسى ئېگىز تاغ بولۇپ، يەر ئېگىز ـ پەس، جىلغىدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى، ئاقىۋىتىمنىڭ ياخشىلانمىغانلىقىنى بىلدىم.

ئېگىز ـ پەس جىلغا ئىچىدە كېتىپ بارىمەن، جىلغىدىكى ئالماسنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەم ھەيران قالدىم، ھەم خۇش بولدۇم. لېكىن بۇ جىلغىدا سانسىزلىغان يوغان يىلانلارنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، كىچىكلىرىمۇ پىلنى پۈتۈن يۇتۇۋېتەلەيتتى، مېنى قورقۇنچ باستى، بۇ يىلانلار ئەنقانىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈندۈزى ئۇۋىسىغا كىرىۋېلىپ، كېچىسى چىقىپ يېمەكلىك تاپىدىكەن.

جىلغىدا ساق بىر كۈن ماڭدىم. كەچقۇرۇن گۈگۈم چۈشكەندە بىر غارغا كىرىپ، غارنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن ئېتىپ قويدۇم. كۆپ ئۆتمەي يىلان مەن كىرىۋالغان غارنىڭ ئاغزى ئالدىدا قىمىرلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ۋىشىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قورقۇپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم.

ئەتىسى كۈن چىققاندا تىترەپ تۇرۇپ تاشنى ئېلىۋېتىپ





غاردىن ئۆمىلەپ چىقىۋالدىم، ئالماسلارنى دەسسەپ بىردەم مېڭىپ، بىر يەردە ئولتۇرۇپ خالتامدىكى يېمەكلىكلەرنى يەپ، كۈچلۈك ئاپتاپتا ئۇخلىماقچى بولۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇشۇمغا، يېنىمغا بىر نەرسىنىڭ چۈشكىنىنى ئاڭلىدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، بىر كاللەك خام گۆش ئىكەن.

دېڭىزچىلاردىن ئالماس جىلغىسى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەنقا چۈجىسى تۇخۇمدىن چىقىدىغان چاغدا ئالماس يىغىدىغان سودىگەرلەر ئالماس جىلغىسىغا كېلىپ، يوغان كاللەك خام گۆشلەرنى جىلغىغا تاشلايدىكەن. ئالماسلار گۆشكە چاپلىشىپ قالىدىكەن. ئاندىن ئەنقا ئۇ گۆشلەرنى ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ چۈجىسىگە بېرىدىكەن. سودىگەرلەر ئەنقانىڭ ئۇۋىسىدىن ئەنقانى قوغلىۋېتىپ، گۆشلەرگە چاپلىشىپ قالغان ئالماسلارنى ئېلىپ كېتىدىكەن.

مۇشۇ رىۋايەت يادىمغا كېلىپ، قېچىپ كېتىشنىڭ ئەلاجىنى تاپتىم.

دەسلەپ جىلغىدىن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چىرايلىق ئالماسلارنى تېرىپ يانچۇقۇمغا سالدىم، ئاندىن سەللەمنىڭ بىر ئۇچىنى ھېلىقى گۆشكە چېگىپ، ئاندىن بەدىنىمگە باغلىدىم، گۆشنى ئاستىمغا بېسىپ دۈم يېتىۋالدىم، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بىر ئەنقا كېلىپ گۆشنى ئېلىپ ئۇۋىسىغا كەلدى، سودىگەرلەر كېلىپ ئەنقانى قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، مەن قۇتۇلۇپ قالدىم.



يانچۇقۇمدىكى ئالماسلاردىن مېنى قۇتقۇزۇۋالغان سودى-

گەرگە بەردىم، ئۇ ئىنتايىن خۇش بولدى. ھەربىر سودىگەر ئالماسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تاغلاردىن ئۆتۈپ پورتقا كېلىپ كېمىگە چىقتۇق. يول بويى نۇرغۇن ئاراللاردىن ئۆتۈپ، ئالماس بىلەن نۇرغۇن سودا قىلدىم، باغدادقا كەلگەن-دە كاتتا باي بولۇپ كەتكەنىدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

پۇلۇمدىن نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈردۇم. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنداق تۇرمۇشتىن يەنە زېرىكىشكە باشلىدىم، شۇنداق قىلىپ سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ دېڭىز سەپىرىدىكى تۇرمۇشنى باشلىدىم.

دەسلەپ بىرنەچچە پىرىستاندا قىلغان سودام ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كېتىۋېدى، نىشاندىن ئېزىپ قالدۇق. بوران كېمىنى بىر ئارالنىڭ پورتىغا ئەكېلىپ قويدى، توختاشقا مەجبۇر بولدۇق. بىردەمدىن كېيىن ئىككى چى ئېگىزلىكتىكى سانسىزلىغان ياۋا ئادەملەر ئۈزۈپ كېلىپ، كېمىمىزنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە قىزىل تۈك بولۇپ، ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلاتتى. كېمىگە چىقىپ، بىزنى ئارالغا قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، كېمىنى ھەيدەپ يەنە بىر ئارالغا كېتىپ قالدى.

ئارالدا ئەتراپقا قارىدۇق، يىراقتا بىر بىنا كۆرۈندى. شۇنىڭغا قاراپ ماڭدۇق، يېقىن بېرىپ قارىساق بۇ كاتتا بىر ئوردا ئىكەن، ئىنتايىن ئېگىز ھەم چوڭ سېلىنىپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ، بىر چوڭ ئۆيگە كىرىپ، ئۇ يەردە دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىسكىلىتلارنى





كۆردۇق، بىر چەتتە كاۋاپ پىشۇرىدىغان سانسىز ئارىلار تۇراتتى، ئىنتايىن قورقۇپ كەتتۇق.

بىز تىترەپ تۇرغاندا يوغان ھەم بەتبەشىرە بىر زەڭگى كىرىپ كەلدى، ئۇ زەڭگى يەكچەشمە بولۇپ، چىشلىرى ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق ئىدى، تۇمشۇقى ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايتى، مىدىرلىمىدۇق. ھېلىقى زەڭگى يېنىمىزغا كېلىپ، بوينۇمدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ قاسساپ پاقلانغان قارىغاندەك، مېنى ئايلاندۇرۇپ قاراپ چىقتى. مېنىڭ ئورۇق ۋە جىۋەكلىكىمنى كۆرۈپ، مېنى قويۇۋەتتى. ئارىمىزدا كېمە باشلىقى ھەممىدىن سېمىز ئىدى، ئۇ قوشقاچنى تۇتقاندەك ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، بەدىنىگە تۆمۈر ئارىنى سانجىپ، ئوتتا كاۋاپ قىلىپ يەۋەتتى. يەپ بولغاندا، كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۇخلاشقا باشلىدى، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك خورەك تارتاتتى.

ئەتىسى كەچتە ئارىمىزدىن يەنە بىرەيلەننى يەۋەتتى. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ ئۇخلاۋاتقاندا، بىز تىرىك قالغان ئون ئادەم ئۇنىڭ تۆمۈر ئارىسىنى چوغدەك قىزىتىپ، ئارىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقتۇق، ئۇنىڭ كۆزى قۇيۇلۇپ ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ بىزنى كۆرەلمەيتتى، بىز ئۇ يەردىن قېچىپ چىقتۇق.

دېڭىز ساھىلىگە بېرىپ بامبۇكتىن ئۇچ سال ياساپ، ساللارغا ئولتۇرۇپ، بۇ ئارالدىن تېز قاچتۇق، لېكىن شۇ چاغدا بىر توپ زەڭگى قىرغاققا قوغلاپ كېلىپ، بىزگە ناھايىتى چوڭ تاشلارنى ئېتىشقا باشلىدى. بىز ئولتۇرغان سال



www.uyghurkitap.com



كۆمتۈرۈلۈپ كەتتى، ئىككى ھەمراھىم بىلەن قېچىپ، يەنە بىر ئارالغا بېرىپ قالدۇق.

بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن كېچىسى دېڭىز ساھىلىدا ئۇخلىدۇق، لېكىن ئارالدىكى غايەت يوغان يىلان يېنىمىزغا كېلىپ، بىر ھەمراھىمنى يۇتۇپ كەتتى، جېنىمنىڭ بارىچە قاچتىم، ئەتىسى كەچتە ھەمراھىم بىلەن دەرەخ ئۈستىگە مۆ-كۈندۇق، بىر يوغان يىلان تىكلىنىپ، بىردىنبىر ھەمراھىم-نىمۇ سۈمۈرۈپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى دەرەختىكى مېۋىلەر بىلەن قورسىقىم-نى توقلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن شاخ ۋە تىكەنلىك ئۆسۈم-لۈكلەرنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلارنى باغلاپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئايلاندۇرۇپ تىزدىم، بېشىمغىمۇ بىرنەچچە باغلامنى يېپىپ قويدۇم، كەچتە ھېلىقى يوغان يىلان ئەتراپىمدا قىمىرلىسى-مۇ، تىكەنلەردىن ئۆتەلمەي مېنى يەۋېتەلمىدى، شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كېچىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكۈزدۇم.

ئاخىرى قۇتۇلۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى، دېڭىزدا بىر كېمىنىڭ كېتىپ بارغانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ، سەللەمنى پۇلاڭلىتىپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرى-دىم، ئۇ كېمە مېنى ئېلىپ كېتىشكە قولۋاق ئەۋەتتى. كېمە باشلىقى ماڭا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلدى، يول ئۈستى-دىكى ئاراللاردا سودا قىلىپ، نۇرغۇن خۇش پۇراق نەرسىلەر-نى ئېلىپ كەلدىم، ئاززاق پۇلمۇ تاپتىم، پۇلۇمنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقسۇللارغا بەردىم.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تىنىم تاپماس مېجەزىم مېنى تۆتىنچى قېتىم دېڭىز سەپىرىگە ئۈندىدى. بۇ قېتىم كېمىگە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كېمىنى بوران پاچاقلىۋەتتى، نۇرغۇن ئادەم سۇغا چۆكۈپ كەتتى. بىرنەچچە ھەمراھىم بىلەن ياغاچ پارچىسىغا ئېسىلىپ، ئارالغا بېرىپ قالدۇق.

بۇ ئارالدا ئېكسپېدىتسىيە تۇرمۇشىنى باشلىدۇق، نۇرغۇن ئۆيلەرنى كۆردۇق، ئاستا يېقىنلاپ بېرىۋىدۇق، بىر توپ زەڭگى بىزنى تۇتۇۋالدى.

مېنى بەش ھەمراھىم بىلەن بىر يەرگە باشلاپ باردى، زەڭگىلەر بىزنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، يېيىشىمىزگە ئوت ـ چۆپ بەردى. ھەمراھلىرىم يېدى، چۈنكى ئۇلار سېزىمىنى يوقاتقانىدى، مەن يېمەي، ئادەتتىكىدەك تۇردۇم. كېيىن زەڭگىلەر بىزنى گۈرۈچ بىلەن باقتى، سېزىمىنى يوقاتقان ھەمراھلىرىم تولۇمدەك سەمرىپ كەتتى، مېنىڭ كاللام سەگەك بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن يۈرگەچكە، بارغانسېرى جۈدەپ كەتتىم. نەتىجىدە، زەڭگىلەر سەمرىگەن ھەمراھلە-









ىرىمنى بىردىن ـ بىردىن يەپ بولدى. مەن ئورۇق تەمەچ ئېشىپ قالدىم.

ئۇلار بىپەرۋالىق قىلغان بىر كۈنى قېچىپ كەتتىم. سەككىزىنچى كۈنى دېڭىز بويىغا بېرىپ قارىمۇچ تېرىۋاتقان ئاق تەنلىكلەرگە ئۇچراپ قالدىم، ئۇلار مېنى كۆرۈپ، ئەرەب تىلىدا كىملىكىمنى سورىدى. كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار ھەيران قېلىشتى، ئۇلار مېنى ئۆزىنىڭ ئارىلىغا ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھى بىلەن كۆرۈشتۈردى. پادىشاھ تەۋەككۈل قىلغانلىقىم توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىمنى ئاڭلاپ، باتۇرلۇقۇمنى ماختىدى، شۇنداق قىلىپ مۇشۇ ئارالدا تۇرۇپ قالدىم.

بىر كۈنى پادىشاھقا سالام بەرگىلى بارسام، ماڭا:

— ئۆيلىنىۋال، شۇنداق قىلغاندا بۇ يەردە تۇرۇپ قالالايسەن، قايتىپ كېتىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ، — دېدى.

پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ياق دېيەلمەي، ماقۇل بولدۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر ئېسىل خانىم بىلەن توي قىلدىم. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، ئالىيجاناب ھەم پۇلدار بولغاچقا، ناھايىتى ئوبدان ئۆي تۇتتۇق، لېكىن نەچچە يىلدىن كېيىن ئايالىم ئاغرىق تۇپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇ ئارالنىڭ ئادىتى بويىچە، تىرىك قالغان ئەر ئۆلگەن ئايال بىلەن، ئېرى ئۆلسە ئايالمۇ ئېرى بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىنىدىكەن، بۇنداق ئادەتتىن مەنمۇ چەتتە قالمىدىم. ئارالدىكىلەر مېنى ئۆلگەن ئايا-





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىم بىلەن قوشۇپ تاغنىڭ غارىغا دەپنە قىلدى.

يېنىمدا ئاران يەتتە بولكا ۋە بىر بوتۇلكا سۇ بار ئىدى. مۇشۇلارغا تايىنىپ نەچچە كۈن ياشىدىم، غاردا ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالغا يەتكەندە غارنىڭ ئىچىنى سىلاشتۇرۇپ مېڭىپ، كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆردۈم، ئاشۇ يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىۋېرىپ، غاردىن دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالدىم.

دېڭىز ساھىلىدا تۇرۇپ يىراققا كېتىۋاتقان كېمىنى كۆرۈپ، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم، ئۇلار مېنى كۆرۈپ، كېلىپ كېمىگە چىقىرىۋالدى.

يەنە باغدادقا قايتىپ كەلدىم.







## بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىنى ئۆزۈمنىڭ كېمەم پۈتكەندىن كېيىن باشلىدىم. ھەرقايسى دۆلەت سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى قاچىلاپ سودىغا ماڭدىم.

بىرىنچى قېتىم كۆرگەن قۇرۇقلۇقىمىز بىر ئارال بولۇپ، كېمىنى توختاتتۇق. قىرغاققا چىقىپ، ئەنقا دەپ ئاتىلىدىغان قۇشنىڭ تۇخۇمىنى ئۇچراتتۇق، تۇخۇمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بۇرۇن كۆرگەن تۇخۇمغا ئوخشايتتى، بۇ چاغدا ئەنقا چۈجىسى تۇخۇمدىن چىقماقچى بولۇپ، تۇخۇمنى تەشكەنىكەن، مەن بىلەن بىللە قىرغاققا چىققان سودىگەرلەر تۇخۇمنى پالتا بىلەن يېرىپ، ئەنقا چۈجىسىنى پارچىلاپ، كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئۇلارغا ئەنقانىڭ تۇخۇمغا چېقىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولساممۇ، پەرۋا قىلمىغانىدى.

ئۇلار چۈجە كاۋىپىنى يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا يىراقتىن ئىككى پارچە قارا بۇلۇت كەلدى. كېمىنىڭ باشلىقى ھېلىقى قارا بۇلۇتلارنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلارنىڭ بىرسى ئەركەك، بىرسى چىشى ئەنقا ئىكەن. ئەنقا ھېلىقى



www.uyghurkitap.com

چۈجىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئىكەن. شۇڭا بىزنى دەرھال كې-
مىگە چىقىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى.

كېمىگە چىقىۋېلىپ لەڭگەرنى چىقىرىپ مېڭىپ كەتتۇق. ھېلىقى ئىككى ئەنقا ئۆز چۈجىسىنىڭ ئۆلتۈرۈل-گەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، بېشىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۈستى-مىزدە يەنە پەيدا بولدى. پەنجىلىرىدە يوغان تاشلار بار ئىدى، ئەنقالارنىڭ ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

كۆپ ئۆتمەي، ناھايىتى يوغان بىر تاش چۈشتى، تەلىيى-مىزگە يارىشا، تاش بىزگە تەگمىدى، لېكىن ئىككىنچى تاش كېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، كېمىنى نەچچە پارچە قىلىۋەتتى، كېمىدىكىلەر تاش ئاستىدا ئۆلدى، تاشتا ئۆلمەي قالغانلىرى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، مەن سۇدىن لەيلەپ چىقىپ، كېمىنىڭ سۇدا لەيلەپ تۇرغان بىر پارچە تاختىيىغا ئېسىلىپ، شامالنىڭ ئۈرۈشى بىلەن يەنە بىر ئارالغا بېرىپ قالدىم.

بۇ ئارالدا بىر بوۋاينى ئۇچراتتىم. بوۋاي ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇراتتى. خىيالىمدا: «بۇ بوۋايمۇ بىزگە ئوخشاش كەچۈرمىشكە دۇچار بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم، ئۇ گەپ قىلماي، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ جاۋاب بەردى: «مېنى يۈدۈپ ئېرىق-تىن ئۆتكۈزۈپ قوي» دېگەندەك ئىشرەت قىلدى.

ئۇنى ياردىمىمگە موھتاج دەپ بىلىپ، دۈمبەمگە يۈدۈپ،



# مىڭ بىر كېچە



ئۆستەڭنىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتكۈزۈپ قويدۇم. قىرغاقتا چىققاندا ئۇ دۈمبەمدىن چۈشمەي، بوينۇمغا مىنىپ گېلىم-نى كۈچەپ بوغۇۋالدى، دېمىم ئۈزۈلۈپ قېلىشقا قىل قالدى.

مېنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى مۆرەمدە ئول-تۇرۇپ خالىغىنىچە مېۋە ئۈزۈپ يېدى. كېچىسى ياتقاندىمۇ قولىنى گېلىمدىن بوشاتمىدى، شۇنىڭ بىلەن قېچىپ كې-تەلمەي، ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالدىم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يول بويىدىكى دەرەخلەردە قۇرۇپ كەتكەن قاپاقلارنى كۆرۈپ، بىرىنى ئۈزۈۋېلىپ ئېغىزىنى ئېچىپ ئىچىنى تازىلاپ، ئۇنىڭغا ئۈزۈم شەربىتى قاچىلى-دىم. نەچچە كۈندىن كېيىن قاپاقتىكى شەربەت ئېچىپ ھاراق بولدى. ئۇنىڭدىن ئىچىپ روھلاندىم، تېز ماڭىدىغان بولدۇم. يەلكەمدىكى بوۋاي مېنىڭ مېۋە شەربىتى ئىچكەنلى-كىمنى كۆرۈپ، قاپاقنى ئۆزىگە بېرىشىمنى بۇيرۇدى، قاپاق-نى بېرىۋىدىم، ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى.

بارا ـ بارا يەلكەمدىكى بوۋاينىڭ بوينۇمغا چىرمىۋالغان پۇتلىرى بوشاپ كەتتى. ئۇ مەست بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى يەرگە قويۇپ، يوغان تاش بىلەن كاللىسىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت-تىم.

دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ، دېڭىز ياقىسىغا توختىتىپ قويۇلغان كېمىگە ئۇچراپ قالدىم. كېمىدىكى ماتروسلار نىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھېلىقى بوۋاي رودىپاي





www.uyghurkitap.com

بولۇپ، نۇرغۇن ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن، ئۇلار مېنىڭ تىنچ ـ ئامان قۇتۇلۇپ كەلگەنلىكىمنى تەبرىكلىدى.

ئاشۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن يەرلەردىن ئۆتتۇم. بىر ئورمانلىقتا مايمۇنلارغا تاش ئاتقانىدۇق. مايمۇنلار قىساس ئېلىش ئۈچۈن، دەرەختىن جۇزھىنى ئۈزۈپ بىزگە ئاتتى. بۇ جۇزھىندىلەرنى دەسمايە قىلىپ باشقا جايلاردا ئۇ- نىڭغا نۇرغۇن ئەتىۋارلىق ماللارنى ئالماشتۇردۇق. مەلۇم ئا- رالغا بارغاندا غەۋۋاسلارنى ياللاپ، دېڭىزنىڭ تېگىدىن مەرۋا- يىت سۈزدۈردۇق، بۇ مەرۋايىتلارنى باغدادقا ئېلىپ كېلىپ، نۇرغۇن پۇلغا ساتتىم.

تاپقان پۇلۇمنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا بەردىم، قالغان پۇلۇمنى بەك چارچاپ كەتكەن بەدىنىمنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە سەرپ قىلدىم.







ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

بىر يىل ئارام ئېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرا-
دەرلىرىمنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئالتىنچى قېتىملىق
دېڭىز سەپىرىمنى باشلىدىم.

يىراقتا سەپەر قىلىدىغان كېمىگە چۈشتۈم. يول ئۈستى-
دە كېمە باشلىغىمىز بىلەن يول باشلىغۇچىمىز نىشاندىن
ئېزىپ قالدى، كېمىنى جىددىي ئېقىن ئېقىتىپ، رولى
كارغا كەلمەي قالدى، يەلكەننىڭ ئارغامچىلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ
كەتتى، كېمە يوغان تاغقا ئۇرۇلۇپ كۇمپەيكۇم بولۇپ كەتتى.
تەلىيىمىزگە جېنىمىز، يېمەكلىكىمىز ۋە مېلىمىز ئامان
قالدى.

تاغ تۈۋىدە سان ـ ساناقسىز كېمە پارچىلىرى، جەسەت
سۆڭەكلىرى، ھەر خىل بۇيۇملار ۋە بايلىقلار چېچىلىپ يې-
تىپتۇ. بۇ يەردىكى تاغنىڭ تاشلىرى پۈتۈنلەي خرۇستال ۋە
ياقۇت ئىدى، لېكىن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. تاغلار تىك، دېڭىز سۈيى كۈچلۈك دولقۇنلۇق
بولغاچقا، بۇ يەرگە ھېچقانداق كېمە كېلەلمەيتتى، قېچىپ
كېتەلمەسلىك ياكى كېسەل تېگىش سەۋەبىدىن ھەمراھلى-





# مىڭ بىر كېچە



ـرىم بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈپ كېتىپ، يالغۇز قالدىم.
ھەممە يېمەكلىكىم تۈگەپ، ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالغان
چاغدا، پاچاقلىنىپ كەتكەن كېمىلەرنىڭ ياغاچلىرىدىن سال
ياساپ، خرۇستال ۋە ياقۇتلاردىن ئېلىپ سالنى سېلىپ
يۇرۇپ كەتتىم، شۇنداق قىلىپ قۇتۇلۇپ قالارمەن، دەپ ئويـ
لىدىم.

سال قاراڭغۇ تاغ ئۆڭكۈرىگە ئېقىپ كىردى، ئۇنىڭ ئىـ
چىدە كېچە ـ كۈندۈز ئاقتى. ئاخىرى يېمەكلىكىم تۈگەپ
كېتىپ، قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىدىن ھوشۇمدىن كېتىپ،
سالنىڭ ئۈستىگە يىقىلدىم. ئاستا ھوشۇمغا كېلىپ، كۆزۈمـ
نى ئاچسام، چۆرەمدە نۇرغۇن نېگىرلار تۇتۇپتۇ. مەن ئۆستەڭ
بويىدىكى ئوتلاقتا يېتىپتىمەن.

نېگىرلار ئارىسىدا ئەرەبچە بىلىدىغان بىرسى بار
ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم، نېگىرلار كەچۈرمىشلىـ
ـرىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، مېنى سىراندىپ پادىشاھىنىڭ
ئالدىدا سۆزلەپ بېرىشكە ئېلىپ ماڭدى.

پادىشاھ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئالغاچ بارغان
خرۇستال ۋە ياقۇتلارنى تارتۇق قىلىۋىدىم، ناھايىتى مىننەتـ
ـدار بولدى، لېكىن قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭ دۆلىتىدىن ئايرىـ
ـلىپ ۋەتىنىمگە ياناشىمدا ماڭا نۇرغۇن نەرسە سوۋغا قىلدى.
بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دۆلىتىنىڭ پادىشاھىغا تاپشۇرۇپ بېـ
ـرىشىم ئۈچۈن خەت ۋە بەزى سوۋغاتلارنى بەردى. خەت ھايۋانـ
ـنىڭ سېرىق تېرىسىگە كۆك سىياھ بىلەن يېزىلغان؛



www.uyghurkitap.com

سوۋغات قىزىل ياقۇتتىن ياسالغان ئىستاكان بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر يېرىم چى، قېلىنلىقى بىر سۇڭ كېلەتتى. ئىستاكاندا بىر دانە چوڭ سەدەپ ۋە يوغان يىلاننىڭ تېرىسى بار ئىدى، يىلاننىڭ قاسىراقلىرى ئالتۇندەك پارقىرايتتى، ئۇ ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولاتتى.

باغدادقا يېتىپ بېرىپلا خەت ۋە سوۋغىنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بەردىم، پادىشاھ ناھايىتى خۇش بولۇپ، ماڭا ئەتىۋارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى.









## يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

ئالته قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدىن كېيىن، دېڭىز سەپىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كەچۈرمەسلىكنى نىيەت قىلغان ئىدىم. لېكىن بىر كۈنى ئۆيۈمگە بىر ئەمەلدار كېلىپ، پادىشاھنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىدىغان گېپى بار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدىم، پادىشاھ ئېغىز ئاچتى:

— سىندباد سېنى ئىشقا بۇيرۇيمەن: مېنىڭ خېتىمنى ۋە سوۋغىتىمنى ھېلىقى سىراندىپ پادىشاھىغا يەتكۈزۈپ بەرگىن.

پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىگە چىقتىم. نەچچە كۈندىن كېيىن سىراندىپ ئارىلىغا تىنچ ـ ئامان يېتىپ كېلىپ، سىراندىپ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشتۈم.

بۇ پادىشاھ پادىشاھىمىزنىڭ خېتى ۋە سوۋغىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى، مەن يېنىپ كېلىدىغان چاغدا، ماڭا يەنە نۇرغۇن ئەتىۋارلىق سوۋغا بەردى.

كېمىمىز دېڭىزدا 3 ~ 4 كۈن يۈرگەندىن كېيىن،





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشىق ئادرېسى

دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئۇچراپ قالدۇق، قاراقچىلار نۇرغۇن ئىلا-دىمىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بىرنەچ-چىمىزنى ئەسىرگە ئېلىپ، يىراق بىر ئارالغا ئاپىرىپ سېتى-ۋەتتى. مەن باي سودىگەرگە سېتىلغان ئىدىم، بۇ سودىگەر ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ماڭا يا بىلەن ئوق بېرىپ، مېنى ئورمانلىققا ئاپىرىپ، دەرەخ ئۈستىدە مۆكۈپ تۇرۇپ، پىل ئېتىشقا بۇيرۇدى. خوجايىنىم قايتىپ كەتتى، دەرەخ ئۈستىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى سەھەردە بىر توپ پىل مەن چىقىۋالغان دەرەخنىڭ ئاستىدىن ئۆتتى، ئوقنى بىرسىگە تەگكۈزدۈم، پىللار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، دە-رەختىن چۈشۈپ، خوجايىنىمغا خەۋەر قىلدىم، خوجايىن ئور-مانلىققا كېلىپ، ماڭا ئازگال كولىتىپ، پىلنى كۆمدۈرۈۋەت-تى، پىل چىرىپ كەتكەندە پىلنىڭ چىشىنى ئېلىپ ساتىدى-غان بولدى.

ئۇدا ئىككى ئاي شۇنداق قىلدىم.

بىر كۈنى سەھەردە نۇرغۇن پىل دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇۋالدى، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قاراپ، دەھ-شەتلىك ھۆركىرىدى، قورقىنىمدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم، قولۇمدىكى ئوقيا چۈشۈپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن بىر پىل دەرەخ يىلتىزىنى خارتۇمى بىلەن ئېلىپ، بىر تارتىپلا يۇلۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن پىل مېنى خارتۇمى بىلەن يۆگەپ دۈمبىسىگە ئېلىۋېلىپ مېڭىشقا باشلىدى، ئۆلىدىغاندەك قورقۇپ كەتتىم. ھوشۇمغا كەلسەم پىللار







# مىڭ بىر كېچە

مېنى تاغنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ، تاغدا پىلنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە پىل چىشلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. بۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ ئۆلمىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، قارىغاندا پىللارنىڭ مەقسىتى بۇ يەردە پىل ئۆل- تۈرمەيمۇ پىل چىشىغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئوخشايدۇ.

دەرھال تاغدىن ئايرىلىپ بىر كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، شەھەرگە بېرىپ، بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

خوجايىن مېنى ئۆلدى دەپ قاراپتىكەن. چۈنكى ئۇ يۇلۇ- ۋېتىلگەن دەرەخنى ۋە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئوقيانى كۆرۈپ- تۇ. ئۇ ماڭا نۇرغۇن قۇللارنىڭ شۇنداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

خوجايىن ئىككىمىز تاغ ئۈستىگە بېرىپ، نۇرغۇن پىل چىشى يۈدۈپ كەلدۇق، خوجايىن ماڭا ئىنتايىن مىننەتدار- لىق بىلەن:

— ھازىر سېنى ھۆرلۈككە چىقاردىم، قۇل بولۇشۇڭ- نىڭ ئورنى قالمىدى. چۈنكى سەن مېنى نۇرغۇن بايلىققا ئىگە قىلدىڭ، — دېدى.

لېكىن خوجايىندىن مېنى باغدادقا يولغا سېلىپ قو- يۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بۇ ئارزۇيۇم ئاخىرى بىر كۈنى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ يەرگە پىل چىشى ئالغىلى كەلگەن كېمىگە چۈشۈپ يۇرتۇمغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



قايتتىم، يولغا چىققىنىمدا كۆنى خوجايىن ماڭا بىرىم كېمە پىل چىشى ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلارنى بەردى. پۇرت-لاردا پىل چىشى سودىسى قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپتىم. باغداد-قا قايتىپ كېلىپ بېشىمدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، پادىشاھ ماڭا كاتتا شانۇ شەۋكەت-لەرنى بەردى ھەمدە ماڭا قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دېڭىزدا سەپەر قىلمايدىغان، دېڭىز قاراقچىلىرى ۋە غايەت چوڭ يىلاننىڭ زىيانكەشلىكىگە، خې-يىمخەتەرگە ئۇچرىمايدىغان بولدۇم.

دېڭىزچى سىندباد يەتتە قېتىملىق دېڭىز سەپىرىنى سۆزلەپ بولۇپ:

ــ خوش، دوستۇم، ــ دەپتۇ ھامال سىندبادقا، ــ كىمنىڭ شۇنچە كۆپ جەبىر ـ جاپالارنى تارتقانلىقىنى ئاڭلى-دىڭ، سېنىڭچە، راھەت كۆرسەم بولمامدىكەن؟

ھامال سىندباد دېڭىزچى سىندبادنىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

ــ خۇدا ھەققى، مېنىڭ تارتقان جاپالىرىمنى سىزنىڭ تارتقان جاپالىرىڭىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن، سىز خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا قالماس-تىن، شۇنچە بايلىققا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقسىز. تۇرمۇشى-ڭىزنىڭ مەڭگۈ، مەڭگۈ خاتىرجەم ئۆتۈشىنى تىلەيمەن.

بۇ چاغدا دېڭىزچى سىندباد مالايغا بىر ھەميان تىللا ئېلىپ چىقتۇرۇپ، ھامال سىندبادقا بېرىپتۇ ھەمدە ئۇ-





# مىڭ بىر كېچە



نىڭغا ھامماللىقنى تاشلاپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ ياشاشنى، ھامال سىندىبادنىڭ دېڭىزچى سىندىباد دەيدىغان ئاغىنىسىنى مەڭگۈ ئېسىدە تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# مىڭ بىر كېچە

# 天方夜谭



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8

9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10قىسىم)